# هامىلدار (دېدەك) تۇغمىغىچە، هامىلدار ئەمەسلىرى، بىر قېتىم هەيز كۆرۈپ پاكلانمىغىچە جىما قىلىنمايدۇ

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «هامىلدار (دېدەك) تۇغمىغىچە، هامىلدار ئەمەسلىرى، بىر قېتىم هەيز كۆرۈپ پاكلانمىغىچە جىما قىلىنمايدۇ»

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - [ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - دارىمى"سۈنەن دارىمي"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەۋتاس دېگەن جايدا (مەككىگە يېقىن بىر جاي) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، جىهادتا كاپىرلاردىن تارتىۋېلىنغان ئايالنىڭ (دېدەكنىڭ) بالا ياتقۇسىنىڭ تۇغۇش بىلەن خالى ئىكەنلىكى بىلىنىپ، نىپاسىدىن پاكلانغىچە ئۇنىڭ بىلەن جىما قىلىشتىن چەكلىدى، ئەگەر هامىلەدىن خالى بولسا ھەتتاكى بىر هەيز كۆرگەنگە قەدەر جىما قىلىنمايدۇ، چۈنكى بىز ئۇنىڭ بالا ياتقۇسىنىڭ خاللىقىنى پەقەت هەيز كۆرۈش بىلەنلا بىلەلەيمىز. ئۇنداق دېدەكلىككە تۇتۇلغانلارغا ئۇنىڭدىن باشقا سېتىۋېلىنغان ياكى قانداق يول بىلەن بولسۇن قول ئىلكىگە ئۆتۈپ قالغان دېدەكلەرنى قىياس قىلساق بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58173